⑧ خەلقنىڭ زالىم ھۆكۈمەتنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمغا تاقىتى قالمىدى.

⑨ بىز سىلەردىن نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆگەندۇق.

⑩ قاسىم بوۋاينىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىسى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى.

⑪ سىنىپنىڭ ئىچىنى ۋاراڭ – چۇرۇڭ قاپلىدى.

⑫ئادىلنىڭ كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى.

6- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Rabiye hanım iki saat önce bürodan ayrıldı.

2) kardeşim üç ay önce ameliyat oldu.

3) Biz ‘Kaşgarlı mahmut’ tun türbesini ziyart ettik.

4) Durakta yarım saat otobüs bekledim.

5) Sabah çok yağmur yağdı.

6) Biz bu konuyu hiç anlayamadık.

7) Siz beni görmediniz.

8) Bebek bugün hiç ağlamadı.

9) Ayşe koşmadı.

10) Ben onu durakta beklemedim.

| | |
|---|---|
| مەن كۆر - | دۇم<br>مىدىم<br>دۇمۇ<br>مىدىمۇ |

①مەن يۇ-

②سەن قوي-

③سىز ياز-

④ ئۇ سۆزلە-

4- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى سوئال جۈملىگەن ئايلاندۇرۇڭ.

مىسال: تۈنۈگۈن بىز لېكسىيىگە قاتناشتۇق.

← تۈنۈگۈن سىلەر لېكسىيىگە قاتناشتىڭلارمۇ؟

① ئۆتكەن ئاي بىز پاختا تەرگىلى باردۇق.

② مۇئەللىملەر بىزنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىزغا قاتناشتى.

③ تۈنۈگۈن ئاخشام دەرس تەكرالىيالمىدۇق.

④ ئۇلار يەكشەنبە كۈنى رەسىم كۆرگەزمىسىنى كۆردى.

⑤ ئەمەت بوۋاي باغ ئىچىدىكى بوش يەرلەرنى كۆكتات تېرىش ئۈچۈن تەييارلىدى.

⑥ مۇئەللىم كېرەمنىڭ سوئالىدىن پەقەتلا قانائەتلەنمىدى.

⑦ مەن ئىشتىن ھېرىپ كەلدىم.

5- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭلار؟

① دەرەخلەر غازاڭ تاشلىدى.

② مەن ئۇنىڭ قىزىق گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆزەمنى تۇتالماي كۈلۈپ تاشلىدىم.

③ مەن ئۇ قىزغا سەپسېلىپ قارىدىم.

④ بوۋام بىلەن تاغمۇ تاغ يۈرۈپ ئوۋ قىلدۇق.

⑤ تاغام قاتتىق سوغۇقتا قارىماي شەھەرگە يۈك ئېلىپ ماڭدى.

⑥ دادام مەكتەپتىكى ئەھۋالىمدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىنمۇ، يەنىلا ماڭا كايىمىدى.

⑦ ھەممىڭلار ئىمتىھاننى ياخشى بېرىپسلەر.

118

(ناخشا)ئېيتتىڭلارمۇ
كۆرمىدىڭىزمۇ
بارمىدىمۇ

**دائىم ئىشلىتىلىدىغان يېڭى سۆز-ئىبارىلەر**

- ۋاقىت توشتى
- بۈگۈنكى دەرس مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن.
- ساۋاقداشلار، خوش ئەمسە.
- مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن.

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى ئىسىملارنى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| خوشنا | تاپان | ئىشىك |
| تائام | تاپانچا | مىلتىق |
| قانۇن | گۆش | ئاپتومات |
| قائىدە | تراكتور | قەدەم |
| تەرتىپ | سودىگەر | پەرزەنت |
| ئىنتىزام | كارخانا | ئاپېلسىن |
| بەلگىلىمە | باج | بامبۇك |

2- تۆۋەندىكى ئىسىملارنى چەك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| تۈزلەڭلىك | ياغيۇ | گەدەن |
| يايلاق | مېمانخانا | گۈمبەز |
| قەغەز | ئېلان | تاشپاقا |
| گۈلە | ئۇقتۇرۇش | ئۆسۈملۈك |
| تاتۇق | دەرۋازا | ئاشقازان |
| ئېتىز | ناسوس | پورت |
| پىشان | سۈرەت | چەك |

3- تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز ۋە سوئال شەكلىنى يېزىپ چىقىڭ.

مىسال: